سەبىيلەرگە سوۋغا



29

# خەيرلىك چۈش



شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

# مۇندەرىجە


خەيرلىك چۈش ........................................ 1
ئەقىللىق كەمبەغەل بىلەن ئاچ كۆز دۇكاندار .................... 8

# خەيرلىك چۈش

تەبىر

ھېكايە قىلىنىشىچە، ھىندىستان پادىشاھلىرىدىن بىرى ئۇدا بىرقانچە قېتىم ئاجايىپ دەھشەتلىك بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە پادىشاھنىڭ چىشلىرى بىر - بىرلەپ تۆكۈلۈپ كېتىۋاتقۇدەك، ھەتتا چىشلىرى تۆكۈلۈپ، ئېغىزىنىڭ ئىچى قۇپقۇرۇق بولۇپ قالغۇدەك.



پادىشاھ بۇ چۈشتىن قاتتىق چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپ، ئۆز - ئۆزىگە: «مەن نېمە ئۈچۈن بۇنداق قالايمىقان چۈش كۆرىمەن؟ ئويغاق چېغىمدا ساق تۇرغان چىشلىرىمنىڭ ئۇخلاۋاتقان چېغىمدا يوق بولۇپ كەتكىنى نېمىسى؟ بۇ دېگەن مارجاندەك پارقىراپ تۇرىدىغان پۇختا چىشلار تۇرسا؟ يەنە كېلىپ ھەر قېتىم تاماقتىن كېيىن ۋە ئويغانغان ۋاقىتلىرىمدە پاكىزلاپ تۇرىدىغان تۇرسام؟ چىش دېگەن ئادەم قېرىشقا باشلىغاندا، ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ چۈشۈپ كېتىدىغان تۇرسا؟» دەپتۇ.



پادىشاھ مۇشۇ خىياللار بىلەن: «مەن چۈشكە تەبىر بېرەلەيدىغان ھۆكۈمالار بىلەن تولغان شۇنچە چوڭ دۆلەتنىڭ پادىشاھى تۇرسام، ھېچبولمىغاندا چۈشۈمنىڭ تەبىرىنى بىلىپ بېقىشىم كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ.

پادىشاھ ھۆكۈمالارنىڭ پىكرىنى ئېلىپ بېقىش ئۈچۈن دۆلەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئون چوڭ ھۆكۈمانى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار پادىشاھنىڭ ئالدىدا ھازىر بولۇپتۇ ۋە قائىدە - يوسۇنلارنى بەجا كەلتۈرۈشۈپتۇ.

پادىشاھ چۈشىنى ئۇلارغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ چۈشنىڭ تەبىرىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى بىلگەچكە ئوڭايسىزلانغان ھالدا، كۆڭۈللىرىدىكىنى پادىشاھقا ئېيتىشتىن قورقۇپ، بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ قاپتۇ. پادىشاھ ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراشلىرى ۋە تەشۋىشلىرىدىن بىر نەرسىنى ھېس قىلغاندەك بولۇپ، قوپاللىق بىلەن ئۇلارغا: «قېنى كۆڭلۈڭلەردىكىنى ئېيتىۋېرىڭلار!» دەپتۇ.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى جۈرئەتلىك بىر يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئالىيلىرى، مەن سىلىگە ئوچۇقىنى ئېيتىۋېرەي، سىلى كۆرگەن بۇ چۈش شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، سىلى بارلىق تۇغقانلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدىكەنلا، ئۇلار پات ئارىدا بىر - بىرلەپ ئۆلۈپ كېتىدىكەن. ئالىيلىرى، مەن سىلىنى ئالدىمىدىم، ئۆزلىرى بىزدىن چۈشلىرىنىڭ

تەبىرىنى سورىغاچقا، ئامالسىز سىلىگە راست سۆزلەشكە مەجبۇر بولدۇم» دەپتۇ.

پادىشاھ بۇ سۆزدىن ئاچچىقلىنىپ يېرىلغۇدەك بولۇپ، كۆزلىرىدە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپتۇ. ھۆكۈمالار بۇ ياشنىڭ زىندانغا تاشلىنىشى ياكى ئۆلتۈرۈلۈشىدىن ئەنسىرەپتۇ.



پادىشاھ باشقا ھۆكۈمالارغا قاراپ: «دانىشمەنلەر، سىلەرنىڭ پىكرىڭلار قانداق؟ بۇ ياشنىڭ سۆزى راستمۇ ياكى بۇ چۈشنىڭ باشقا تەبىرى بارمۇ؟» دەپ سوراپتۇ.

ياشقا چوڭراق بىر دانىشمەن ئورنىدىن تۇرۇپ پادىشاھقا مۇنداق دەپتۇ: «ئەي پادىشاھى ئالەم، چۈشلىرىگە تەبىر بەرگەن بۇ يىگىت، ئىلىم ـ ھېكمەت يولىغا ئەمدى



قەدەم باسقان. شۇڭا بىلىم ـ تەجرىبىسى يەنىلا كەمچىل. ئىش ئۇ ئېيتقاندەك ئەمەس. مەن سىلىگە بۇ چۈش ئارقىلىق ناھايىتى چوڭ خۇش خەۋەر بېرىمەن.»

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ پادىشاھنىڭ يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرۈپتۇ، ھۆكۈمانىڭ تەبىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ تۇرۇپتۇ.



هۆكۇما پادىشاھقا قاراپ: «ئەي شاھ ئالىيلىرى، سىلىنىڭ بۇ چۈشلىرى بەك ئوچۇق. ئاللاتائالا سىلىگە ئۇزۇن ئۆمۈر، تەن ـ ساقلىق، بەخت ـ سائادەت ئاتا قىلىدىكەن. سىلى بۇ دۆلەتكە ئۇزاق مۇددەت پادىشاھ بولىدىكەنلا، ھەممە تۇغقانلىرىدىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىكەنلا، ئاللا تۇغقانلىرىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن!» دەپتۇ.

پادىشاھ خۇشاللىق ئىچىدە: «ياخشى! ناھايىتى ياخشى!!!» دەپ توۋلاپ كېتىپتۇ ۋە بۇ ھۆكۇماغا ئىنئام بېرىشكە، ھېلىقى ياشنى يىراقلارغا سۈرگۈن قىلىشقا بۇيرۇپتۇ.

ھۆكۇمالار قايتىپ كەتكەندىن كېيىن پادىشاھ بېرىلگەن تەبىرلەرنى ئويلاپ، تۇيۇقسىز قېرى ھۆكۇما ئېيتقان سۆز بىلەن ياش ھۆكۇما ئېيتقان سۆزنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ.

ئەسلىدە ئۇ ئىككىسى ئوخشىمايدىغان يوللار بىلەن تەبىر بەرگەن بولۇپ، بىرىنچىسى قوپال، ئىككىنچىسى يېقىملىق ئىبارىلەرنى ئىشلەتكەنىكەن.

# ئەقىللىق كەمبەغەل بىلەن ئاچ كۆز دۇكاندار

## يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەش

بۇرۇنقى زاماندا بىر كەمبەغەل كىشى ئۆتكەنىكەن. ئۇ ناھايىتى جاپا ـ مۇشەققەتتە كۈن كەچۈرىدىكەن. بەزى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ قولىغا بىرقانچە تەڭگە پۇل كىرىپ





9

قالىدىكەن. ئۇنداق ۋاقىتتا ئۇ ئۆزى ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشقا ئالدىرايدىكەن. ئۇ ئۆمرىدە مەززىلىك تاماقلارنى تېتىپ باقمىغاچقا، بازاردا مەززىلىك تاماقلارنى كۆرۈپ قالسا، ئاچلىقتىن قورسىقى كولدۇرلاپ كېتىدىكەن. لېكىن ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ شۈكۈر ـ قانائەت بىلەن ياشايدىكەن.







بۇ كەمبەغەل كىشى گۆشكە بەكمۇ ئامراق بولغاچقا، كاۋاپخانىلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، بۇ يەردە مەززە قىلىپ غىزالىنىۋاتقانلارنى كۆرۈپ نەپسى تاقىلداپ كەتسىمۇ، ئاچ قورسىقىغا تەسەللى بېرىپ، ئۆزىنىڭمۇ پات ئارىدا باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشىدىغانلىقىنى ئويلايدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ ئادىتى بويىچە كاۋاپخانىغا يېقىن ئولتۇرۇپ، كاۋاپنىڭ مەززىلىك ھىدىنى پۇرىغاچ ئۆزىنىڭ نېنىنى ھۇزۇرلىنىپ يېيىشكە باشلاپتۇ. كاۋاپچى بۇنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ ۋە كەمبەغەلنىڭ ناندىن ئەمەس، بەلكى كاۋاپنىڭ پۇرىقىدىن ھۇزۇرلىنىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، كۆڭلىدە: «ئۇ ئادەم مېنىڭ كاۋىپىمنىڭ پۇرىقىدىن پايدىلانغان ئىكەن، مەن ئۇنىڭدىن ھەق ئېلىشىم كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ.

كەمبەغەل كىشى نېنىنى يەپ بولۇپ قايتاي دەپ تۇرۇشىغا، كاۋاپچى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇنىڭغا: «ھەي ئەخمەق! يېگەن نەرسەڭنىڭ پۇلىنى تۆلىمەمسەن؟» دەپتۇ.



كەمبەغەل: «نېمەڭنى يەپتىمەن؟» دەپتۇ.

كاۋاپچى: «كاۋىپىمنىڭ پۇرىقىنى پۇراپ لەززەتلەندىڭغۇ؟ شۇڭا پۇل تۆلىشىڭ كېرەك» دەپتۇ.

كەمبەغەل دەرھال يېنىدىن بىرنەچچە تەڭگىنى چىقىرىپ، ئۈستەل ئۈستىگە بىرقانچە قېتىم تاشلاپتۇ، ئاندىن كاۋاپچىغا: «تەڭگىلىرىمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ مانا بۇ سېنىڭ كاۋىپىڭنىڭ پۇرىقىنى پۇرىغاننىڭ پۇلى» دەپ، تەڭگىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قايتىپ كېتىپتۇ.

# خەيرلىك چۈش

تۈزگۈچى: ئابدۇقادىر تۇرسۇن


پىلانلىغۇچى: ئەمىن كىتابچىلىقى
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەركىن ئالىم
مەسئۇل كوررېكتورى: زۆھرەگۈل سىدىق
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: خالمۇرات غۇلام
نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى بۇلاقبېشى كوچىسى 196 ـ قورۇ
تور ئادرېسى: http://www.xjpsp.com
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
نەشرى: 2006 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2009 ـ يىل 6 ـ ئاي 2 ـ قېتىم بېسىلىشى
فورماتى: 1092×787 م م 1/24 كەسلەم 0.75 باسما تاۋاق
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-5372-4561-6
تىرازى: 1—5000
باھاسى: 5.00 يۈەن

تارقىتىش بۆلۈمى تېلېفون نومۇرى: 2823055 (0991) پوچتا نومۇرى: 830001

مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى : خالمۇرات غۇلام

خەيرلىك چۈش

ئەقىللىق كەمبەغەل

بىلەن ئاچكۆز دۇكاندار

ISBN 978-7-5372-4561-6

9 787537 245616 >

ISBN 978-7-5372-4561-6

（民文） 定价 ： 5.00 元